## 174932 ـ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز چېچىنى بويىشى ۋە كېسىشىنىڭ ھۆكمى

### سۇئال

ئەرنىڭ ئايالىنىڭ چېچىنى كېسىش ۋە بوياشتىن چەكلىشى توغرىمۇ؟، ئايال شەرىئەتتە يولغا قويغان ئىشلارنى ئېرى رازى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىلسىچۇ؟ گۇناھ ـ مەئسىيەت بولمايدىغان ئىشلاردا ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ چەك۔ چېگراسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ۔سانا ۋە ماختاشلار ئالىلاھقا خاستۇر.

ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ،چۈنكى ئەر ئۇ ئايالنىڭ ھامىيسى ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.بۇ ھەقتە ئالالاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِتەرجىمىسى: ئەرلەر ئايالالارنىڭ ھامىيلىرىدۇر [سۈرە نىسا 34-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئىبنى كەسىر(ئالالاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)،ئەلي ئىبنى ئەبى تەلھەنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەلالاھۇ ئەنھۇدىنئەرلەر ئايالالارنىڭ ھامىيلىرىدۇردېگەن ئايەتنى تۆۋەندىكىدەك تەپسىرلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:ئەرلەر ئايالالارنىڭ ئەمىرلىرى.يەنى ئايالالارنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشى،ئالالاھ بۇيرۇغان ئىشلاردا ۋە ئۆز ئەھلىگە ياخشىلىق قىلىشتا،ئېرىنىڭ مال۔دۇنياسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا بولىدۇدېگەن.شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇقاتىل ۋە سەددي،دەھھاكلارمۇ شۇنداق دېگەن.[تەپسىر ئىبنى كەسىر 2293].

ئايالنىڭ ئېرىگەئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولغان ئىشلار ئىچىدىن، تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىش مۇستەسنادۇر:

بىرىنچى:گۇناھ۔مەئسىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردا ئەرگە ئىتائەت قىلمايدۇ.يەنى ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى تەرك قىلىش ياكى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى جايىز بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئالالاھقا ئاسىيلىق قىلىش بەدىلىگە، بەندىگە ئىتائەت قىلىش يوق.[بۇخارى رىۋايىتى6830- ۋە مۇسلىم رىۋايىتى1840-ھەدىسلەر].

ئىككىنچى:ئەرگە ئىتائەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئايال ئۇچۇن زىيانلىق ياكى ئۇ ئايالنىڭ ھوقۇقى دەخلىگە ئۇچراشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار بولسا،بۇ ھالەتتە ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:شۈبھىسىزكى، ئىتائەت قىلىش ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.[بۇخارى رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:ئۆزىگىمۇۋەباشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈش يوق.[ئىبنى ماجە ۋە دار قۇتنى رىۋايىتى].

ئايالنىڭ چىچىنى كېسىشى ۋە بويىشى شەرتلىك ئەھۋالدا جايىز بولۇپ، ئۇلارنىڭئەرلەرگە،كاپىرۋەپاسىق ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشتىن ساقلىنىشى ھەمدە قارا بوياقتا بويىماسلىقى كېرەك.

ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ چىچىنى كېسىش ۋە بويىشىغارۇخسەت قىلمىسا، ئۇ ئىشلارنى قىلشى جايىز بولمايدۇ.شۇنداقلا ئەر ئايالىنى گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇمىسىلا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ.

چاچ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنداقلا ئايالنىڭ ئۆز ئېرى ئۈچۈن گۈزەللىنىشى ئەرنىڭ ھەققىدىندۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.